

# ئەخمەتجان قاسىمى ـ ئەلىخان تۆرە: «جاسۇسمۇ» ياكى «مىللىي روھىيەت تۈۋرۈكلىرىمىزمۇ؟»

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار ئارىسدا بۇگۈنكى كۈنلەردىمۇ ئۆز ئىچىدىن «خائىن»، «ساتقۇن» ۋە «جاسۇس» ئىزدەش پسىخكىسىغا كەمبەغەل ئەمەس ئەھۋاللار مەۋجۇت. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئارىسدا چەتئەللەردە مۇھاجىرەتتە 40 ـ 50 يىل بىرگە ياشاپمۇ ئۆز ئىچىدىن جاسۇس، ساتقىن ئىزدەپ تېپىشقا، جاسۇس گۇماندارلىرىنى بايقاشقا ئىنتىلىش خاھىشلىرى بار. جاسۇس، ساتقۇن دېگەن ئاتالغۇ بەزىدە ناھايىتى ئاسانلا ئېغىزغا ئېلىنىدۇكى ھېچ پاكىتسىز، ئاساسسىز ھالدىلا ئۆزى بىلەن پىكرى ۋە مەيدانى ئوخشىمىغان ۋە ياكى مۇخالىپەت ھالدا ئوتتۇرىغا چىققانلارنى «جاسۇس» دەۋېتىشتىن يانماسلىق ئەھۋالىنىڭ بارلىقى كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كېلىنمەكتە. ۋەھالەنكى جاسۇسلار ۋە ساتقۇنلارنى يوق دېيەلمەيمىز، ئەمما جاسۇسنى چوقۇم شۇ ئۆزىگە قارشى قوللىنىلغان دۆلەت ئىنقىلاپ تۇتالايدۇ.

ھەتتا جاسۇسلۇق، ساتقۇنلۇق بىلەن ئەيىبلەش دائىرىسى ۋە تارىخى ناھايىتى كېڭىيىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي روھى تۈۋرۈكلىرىنىڭ سۇندۇرۇلۇشىغا يول ئېچىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ سادىر بولۇۋاتقانلىقى سىر ئەمەس. تارىخىمىزدا ھەققەتەن خائىنلار، جاسۇسلار، ساتقۇنلار يېتەرلىك، بىز ئۇلارنىڭ بىر قىسىم مەشھۇرلىرىنى نەق پاكىتى بىلەن ساناپ بېرەلەيمىز. ھەققەتەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇلار ۋە كېيىنكى ھەر خىل سىياسىي رەڭ ئاستىدىكى خىتاي مۇستەملىكچىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مەۋجۇتلۇق ۋە مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى جەريانىدا ئۇلار ئارىسىدىن سانسىزلىغان قەھرىمانلار بىلەن پاراللېل ھالدا كۆپلەپ ساتقۇن، خائىن ۋە جاسۇسلار چىققاندى ھەم ھازىرمۇ چىقىۋاتقانلىقى ئىنكار قىلىنماستۇر!

## قارىلاش ۋە بەتنام چاپلاش رەقىبلىكنىڭ بەلگىسى

لېكىن، بىر مىللەتنىڭ يۈكسەك مەنىۋىيەتلىرى، مىللەت روھى تۈۋرۈكلىرىگە كۆپىنچە ئۇ مىللەت بىلەن دۈشمەنلەشكەن كۈچلەر ۋە ياكى بىر مىللەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئىككى بىر ـ بىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش، ئۇرۇش قىلىش باسقۇچىغا كىرگەن كۈچلەر بىر ـ بىرىنىڭ باشلامچىلىرىغا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارغا ھەرخىل بەتنام ۋە تۆھمەتلەرنى ئارتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەت ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدا تىكلىگەن داھىيلىرى، قەھرىمانلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەپ، ئۇنى ئۆز كۆرەشلىرىدە روھى ئوزۇق ۋە مىللىي سىمۋول قىلىپ، كۆرەشنىڭ كەلگۈسىگە ئۇلىنىشىغا يول ئاچىدۇ. مانا بۇ جەريانىدا ئۇنىڭغا قارشى دۈشمەن تەرەپ ياكى مۇستەملىكچى، باسقۇنچى ھاكىمىيەت كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەتنىڭ روھىنى سۇندۇرۇش، ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆرەشچىلىرىگە، مىللىي سىمۋوللىرىغا، مىللىي قەھرىمانلىرىغا، مىللىي داھىيلىرىغا ھەر خىل بەتناملارنى، گۇناھلارنى ھەتتا ئۆز خەلقىدىن ئايرىۋېتىدىغان باھالارنى قوللىنىدۇ. بۇ بىر تاكتىكادىن ئىبارەتتۇر!. دۇنيا تارىخىنىڭ كەڭ بەتلىرىگە ئەمەس، پەقەت قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىگىلا قارايلىكى، تارىختا رۇس ئىمپېرىيەسىدىن ۋە كېيىنكى سوۋېت قىزىل ئىمپېرىيەسىدىن قۇتۇلۇش كۆرەشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ياكى ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش يولىدا چىڭ تۇرغان

نۇرغۇن باتۇرلار، سىياسىي ئەربابلار، ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلەر، زىيالىيلار سوۋېت دەۋرىدە قارىلىنىپ، ئۆلارغا باسمىچى، باندىت، قاراقچى، پانتۈركىست، خەلق دۈشمىنى، خائىن، ساتقۇن، جاسۇس دېگەندەك تۈرلۈك بەتناملار ئارتىلغانىدى. بىزنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىمىز ۋە ھازىرقى رېئاللىقىمىزدىمۇ سوۋېت ئىمپېرىيەسىدىكى بۇ رېئاللىق ئوخشاش يۈز بەردى ۋە يۈز بەرمەكتە.

## ئەلىخان تۆرە ۋە ئەخمەتجان قاسىمى

ئەمما، ھازىرقى مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلغان باشقا مىللەتلەر، بولۇپمۇ قېرىنداش خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ۋە دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە شۇ يولدا جان بەرگەن ئەجدادلىرىغا ھەيكەل ئورنىتىش، خاتىرە سارىيى سېلىش، ئۇلارنى مىللەت روھىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ تىرەپ تۈرگۈچى تۈۋرۈكى سۈپىتىدە تىكلەپ، ئەۋلادلارنى ئەنە شۇ مىللىي روھ بىلەن تەربىيەلەشنىڭ ھەر خىل ئامىللىرىنى ئىزدەپ يۈرسە، بىزنىڭ ئارىمىزدا تارىخىمىزدىكى خەلق سۆيگەن، دۈشمەن ئۆچ كۆرگەن ئوغلانلىرىمىزنى، داھىيلىرىمىزنى، مەسىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا ئاتاپ، ساتقۇنلارچە ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەلا بىلگەن قەھرىمانلىرىمىزغا شەك كەلتۈرۈش ھەتتا ئەخمەتجان قاسىمدەك ئوغلانلارنى جاسۇسلۇق بىلەن قارىلاشقىمۇ تىلىمىز ۋە قەلىمىمىز ئىشلىدى. ئەلۋەتتە، پىكىر قىلىش، تارىختىن يەكۈن چىقىرىش، ئويلىنىش ،باھا بېرىش ھەربىر كىشىنىڭ خۇسۇسىي ئەركىنلىكى، بۇ ئەركىنلىكتىن ھەركىم بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەركىن پىكىر قىلىش، ياكى ئەركىن باھا بېرىش، ئەركىن تەنقىد قىلىش پاكىتسىز، ھۆججەتسىز تۆھمەت قىلىش، قارىلاش ئەمەستۇر. بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرىنى يىقىتىش خەۋپى تۇغدۇرىدىغان، مىللەت قەلبىدە روھىي جاراھەت پەيدا قىلىدىغان پاكىتسىز، ئاساسسىز تۆھمەت ۋە قارىلاش ئەركىن پىكىر قىلىش ياكى ئەركىن تەنقىد قىلىش ئەمەستۇر. بۇ ئىككى ئۇقۇم ئارىسىدا روشەن پەرق بار.

قولىمىزدا ھېچقانداق بىر نەق پاكىتلىق ھۆججەت يوق تۇرۇقلۇق ئەخمەتجان قاسىمنى «رۇس جاسۇسى»، « سوۋېت جاسۇسى»، « ساتقۇن» دەپ قارىلاۋاتقىنىمىزدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى 2012-يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە ھاياتىدىن ئايرىلغان قىرغىز پەرزەنتى گېنېرال لېتنانت ئىسھاقبېك مۇنۇنوفنى «قىرغىز خەلقىنىڭ بىرىنچى گېنېرالى» دەپ ئاتاپ دۆلەت بويىچە پەخرىلىنىشنى، ئۇنىڭ نامىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈپ، ھەر خىل ئورۇنلارغا قويۇشنى بەلگىلىگەنىدى. ھازىر ئوش شەھىرى مەركىزىدىكى چوڭ بىر كوچىغا ئۇنىڭ نامى قويۇلۇپ ۋە ئۇنىڭ ئېگىز ھەيكىلى ئورنىتىلىپ، ئۇ قىرغىزىستان ۋە قىرغىز خەلقىنىڭ مىللىي روھى نامايەندىسى قىلىپ تىكلەنگەنىدى. قىرغىزلار ئۇنىڭدىن جاسۇسلۇق بىلەن گۇمانلىنىمەن دېسە ناھايىتى ئاسانلا بۇ ئىشنى قىلالايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ 1930-يىللاردىن باشلاپلا سوۋېت ن ك ۋ د ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى پاكىت ئىدى. لېكىن قىرغىزلار بۇنداق «جاسۇسلۇق» قەدىمىنى تاشلىمىدى.

ئۆزبېكىستاندا سوۋېت دەۋرىدە نامى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت خۇپىيانە تۇتۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مارشالى ئەلىخان تۆرىنىڭ توپا بېسىپ قالغان تاشلاندۇق قەبرىسى مانا ئەمدى مەرمەردىن قايتا ياسىلىپ، ھەر كۈنى ئۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تاۋاپگاھىغا ئايلاندى. ئەلىخان تۆرە ئۆزبېك خەلقىنىڭ بىرىنچى مارشالى، ئۆزبېكتىن چىققان بىرىنچى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى، 20 خىلدىن ئارتۇق ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئەللامە، ئۆزبېكىستاننىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى دېگەندەك تۈرلۈك گۈزەل ناملار بىلەن تەرىپلىنىپ ئۆزبېك خەلقىنىڭ مىللىي روھى بايلىقى سۈپىتىدە تىكلەنمەكتە. جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ بىرىنچى رەئىسى ئەلىخان تۆرەمنىڭ ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك ئورگىنى بولغان سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى - دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ (ن ك ۋ د - ن ك گ ب) باشلىقى، جاللاتلىقتا داڭ

چىقارغان مارشال لاۋرىنتىي بېرىيا  ئۆز ئورگىنىدىن ئەۋەتكەن  سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ـ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى، يەنى 2 ـ دومىدىكى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف، گېنېرال ئالېكساندىر  ئىۋانوۋىچ لاڭفاڭ، پولكوۋنىك پيوتىر ئاندرېيېۋىچ شابايېفلار بىلەن ھەر كۈنى سۆزلىشىپ ۋە مەسلىھەتلىشىپ تۇرغانلىقى سىر  ئەمەس،  ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئاز دەپ ئەلىخان تۆرەمنىڭ يېنىدا خاس مەسلىھەتچى سۈپىتىدە سوۋېت ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ـ دۆلەت بىخەتەرلىك  كومىسسارىياتىنىڭ ۋەكىلى تاشكەنتلىك  مۇھسىن ئابدۇللىنمۇ بار ئىدى.  بىز بۇلارغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا ياردەم بەرگەنلىكى، قول تىققانلىقى ۋە تۇنجۇقتۇرغانلىقىغا قاراپلا ئەلىخان تۆرەم ياكى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ياكى باشقىلارغا خالىغانچە «ئىسىم» قويىمايمىز. ئۇلار «بىز سىلەرنىڭ ئازادلىقىڭلارغا ياردەم بېرىمىز» دەپ مەيدانغا چىقىپ تانكا ـ زەمبىرەكلىرى، پىلىموت، ئاپتوماتلىرى ۋە مىلتىقلىرىنى سان ـ ساناقسىز ئوق ـ دورىلىرى ھەتتا كوماندىر ـ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتكەن ستالىنغا ئىشەنگەن ۋە ئۈمىد باغلىغانىدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇيغۇر خەلقىگە دۇنيادا ھېچكىم ۋە ھېچقانداق دۆلەت مۇنداق ياردەم بەرمىگەنىدى. لېكىن ئاقىۋەت بۇ  ستالىننىڭ سىياسىي ئويۇنى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ئاشۇ رەھبەرلىرىمىز شاھمات تاختىسىدىكى پىچكىلىق قىسمىتىگە دۇچ كەلدى. رەئىس جۇمھۇرىمىز ئەلىخان تۆرەمنىڭ تەقدىرى سوۋېت  ن ك ۋ د  ۋە كېيىنكى ك گ ب  ئورگىنىنىڭ نازارەت كۆلەڭگىسى ئاستىدا  بىر ئۆمۈر ئۆتتى. خەلقىمىز تەرىپىدىن ھەممىلا يەردە «سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز»، «داھىيمىز» دەپ ئۇلۇغلانغان ئەخمەتجان قاسىمى بولسا  35 يېشىدىلا «ئايروپىلان ھادىسىسى» نامى بىلەن ۋەھشىي كۆرۈنمەس قوللار تەرىپىدىن شېھىتلىك شارابىنى ئىچتى.

لېكىن بىز بۇ ئىككى زاتنى چىن يۈرىكىمىزدىن سۆيسەكمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەم بالىسى، يەنى بەندە بولۇش بىلەن خاتالىقلار، يېتەرسىزلىكلەرنى سادىر قىلىشىغا كۆز يۇمالمايمىز. بۇ ئىككى زات بىر بىرى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى. بولۇپمۇ 1914 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئەسلى تېگى خوتەنلىك ھېسابلىنىدىغان ساپ ئۇيغۇر ئوغلى  ئەخمەتجان قاسىمى ئاران 31 يېشىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ۋە قابىلىيىتى بىلەن ئەلىخان تۆرە ،ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم، قاسىمجان قەمبىرى، ئەنۋەر مۇسابېيېف، ھەبىب يۇنۇچى (تاتار)، رەھىمجان سابىر ھاجى، ھاكىمبەگ غوجا ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك قوللىشى بىلەن مۇئاۋىن باش كاتىپ، ھەربىي ئىشلار ئىدارىسى باشلىقى، ئەلىخان تۆرە رەئىسلىكىدىكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى  ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇردى. بولۇپمۇ ئەلىخان تۆرە ئەخمەتجان قاسىمنى « ئارىمىزدىكى بىر گۆھەر» دەپ قەدىرلىگەنىدى.  ئەخمەتجان قاسىمى 32 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنقىلابنىڭ رەھبىرلىك ئورنىغا چىقىپ، 35 ياشقىچە، يەنى ھاياتتىن ئايرىلغىچە ئەڭ ئابرۇيلۇق ئىنقىلاب رەھبىرى ۋە «داھىي» سۈپىتىدە تونۇلدى. 31 ـ 35 ياشلىق ئادەم يەنىلا تېخى تولىمۇ ياش، ھەتتا 60 ياشلىق ئەلىخان تۆرەمنىڭ ئالدىدا بالا ھېسابلىناتتى. ئەخمەتجان قاسىممۇ ئەلىخان تۆرىنى « ئاتا» دەپ ئاتايتتى. 31 ـ 32 ياشلىق « بالا» بىلەن 60 ياشلىق ئەلىخان تۆرە ئارىسىدا ياش تەجرىبىسى، ھايات تەجرىبىسى، چۈشەنچىسى بويىچە كۆپ پەرقلەر بولۇشى تەبىئىي. ھازىرقى ئۆزى 60 ياكى 70 ياشقا كىرگەن بىر كىشى ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ 30 نەچچە ياشلىق ئوغلى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلاپ باقسا بولىدۇ. دېمەك، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ئاخىرغىچە 31 ـ 35 ياشلىق بىر «بالا» رەھبەرلىك قىلدى دېگەن گەپ.  دېمەك، ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، بۇ ياشتىكى كىشىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە ئۆتكۈر سىياسىي كۈرەش ھەم بىر ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا خاتا قەدەم ۋە خاتا تەپەككۇرلارنى سادىر قىلىشى تەبىي ئەھۋال. 60 ياشلىق ئەلىخان تۆرەممۇ ئۆز يېشى ،چۈشەنچىسى، سىياسەت بىلىمى ھەم تەجرىبىسىگە كۆرە خاتاسىز ئەمەستۇر. لېكىن ئۇلار مۇستەقىللىق، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك كۈرەش نىشانىدىن يانمىدى ھەم بۇ نىشانىدىن خاتالاشمىدى. خەلققە توغرا رەھبەرلىك قىلىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. بۇ ئاساسلىق تەرەپتۇر!

قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى، قېرىنداشلىرىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتى ۋە مۇستەقىل دۆلىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەلىخان تۆرەم، ئەخمەتجان قاسىمى بىزنىڭ تارىخىي جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك بۈگۈنكى كۈندىكى روھى بايلىقىمىز ۋە روھى تۈۋرۈكىمىزدىن ئىبارەتتۇر. 1933 ـ 1934 ـ يىللىدىكى ۋە 1944 ـ 1949 ـ يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىمىز، بولۇپمۇ 1944 ـ يىلىدىكى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرى 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى ۋە مۇستەملىكىچى سىياسىي كۈچلەر ھەم دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا يوق قىلىنىشى خەلقىمىزنىڭ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قانۇنىي كۈرىشىنىڭ ئاساسىدۇر. بىر دۆلەتنىڭ ئالىي سىياسىي ۋە ھەربىي رەھبەرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ھالدا سىرلىق قازا بىلەن يوق قىلىنىشىدىن كېيىن ئۇلار رەھبەرلىك قىلغان ھاكىمىيەتنى يوقىتىش، ئۇلار باشقۇرغان زېمىنلارنى بېسىپ ئېلىپ، ئۇ ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، ئۇلارنىڭ داۋاسىنى، ۋەتىنىنىڭ داۋاسىنى قىلغانلارنى رەھىمسىزلەرچە جازالاش ۋە بۈگۈنكىدەك ناتىسسلارچە لاگېر ـ تۈرمىلەرگە مەھكۇم قىلىپ، پۈتۈن بىر مىللەتنى مىللىي، دىنىي، مەدەنىي كىملىكىدىن پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ئۇنى «جۇڭخۇا مىللىتى»، يەنى نامى ئاستىدىكى خىتاي مىللىتى گەۋدىسىگە ئۆچۈق ـ ئاشكارا سىڭدۈرۈش مانا بۇ 1949 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن كېيىنكى دۇنيا تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا يۈزبەرگەن رېئاللىقتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنى ئەسلىتىش مۇمكىنكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىككى خىل كۆرەش باسقۇچىغا رەھبەرلىك قىلغان ئەلىخان تۆرە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمىدىن ئىبارەت ئىككى رەھبەرنى بىر ـ بىردىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار 1944 ـ 1949 ـ يىللىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاسىيا ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. خۇددى ئەخمەتجان قاسىمى ئېيتقاندەك شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ بىرقىسمى بولغىنىدەك ئۇ ئوخشاشلا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرقىسمى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىشتا خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ھېسابقا ئالماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەگەردە، ئاسىيا رايونىدا، بولۇپمۇ خىتايدا سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ يۆلىشى ۋە ياردىمى ئاستىدىكى كومپارتىيە بىلەن ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۇرۇش گومىنداڭنىڭ غەلىبىسى، كومپارتىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىستراتېگىيەسى 1949 ـ يىلىدىكىدىن باشقىچە بولار ئىدى. يەنى بۇ جايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداشلىقىدىكى تولۇق مۇستەقىللىق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئىدى. تەتۈرسىگە، كومپارتىيەنىڭ غەلىبىسى ستالىننى خەلقئارا رەقىبلىك مۇناسىۋىتىدە ئامېرىكا باشلىق غەرب قۇدرەتلىك دۆلەتلىرى، يەنى دېموكراتىك دۆلەتلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا كىچىككىنە شەرقىي تۈركىستاننى ئەمەس، بەلكى ناھايىتى چوڭ ۋە كۈچلۈك ئارمىيەگە ھەم نوپۇسقا ئىگە كوممۇنىستىك خىتاينى تاللاشقا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقا ھويلىسى يېنىدا ئۇنى مۇستەقىللىققا باشلايدىغان ۋە ئىلھام بېرىدىغان ئۇيغۇرىستان ياكى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋە ياكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب قۇدرەتلىك دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى ھەم ھىمايىسىگە ئېرىشكەن باشقا بىرەر خىل رامكا ئاستىدىكى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ بولماسلىقىنى تاللاشقا ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەتراپىدىكى تەبىئىي ۋە سىياسىي جۇغراپىيەلىك ۋەزىيەتكە كۆرە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا تايىنىش يولى يوق دەپ قارىغان ھەم مۇشۇنداق تايىنىشتىن باشقا چىقىش يولى تاپالمىغان شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى رەھبەرلىرى، مەيلى ئەلىخان تۆرە ۋە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن قاراڭغۇ قىسمەتنى ئۆزلۈك ـ كېيىسل ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدى. بۇ، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىنقىلاب

بىرلا ئەلىخان تۆرە ياكى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسىي ئىنقىلابى ياكى شەخسىي ئىشى ئەمەس بولۇپ، بۇ پۈتۈن خەلقنىڭ، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغۇچى ۋە خىتاي شوۋىنىستىك ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرەشتە ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغۇچى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭمۇ ئىنقىلابى ئىدى. ئۇلارغا، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمغا ئەنە شۇ 13 مىللەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، قۇدرەتلىك بىر دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، چىش-تىرنىقىغىچە قوراللانغان مۇنتىزىم قوراللىق كۈچلىرىگە قارشى قەھرىمانلىق بىلەن ناھايىتى جاپالىق، مۇرەككەپ، ئىچكى-تاشقى بېسىم ۋە رەقىبلىك شارائىتلىرى ئاستىدا كۆرەش قىلىپ، قۇتۇلۇش يولى، چىقىش يولىنى ئىزدەش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەنىدى. ئۇلار قولىدىن كەلگەنلەرنى قىلالىدى، كەلمىگەننى قىلالمىدى.

## ئەركىنلىك، ھاكىمىيەت ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچلەرگە تايىنىش

تارىختىن تارتىپ ئاجىز خەلقلەر ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر قۇدرەتلىك كۈچكە تايىنىپ كەلگەن. ئاجىز سىياسىي كۈچلەر باشقا قۇدرەتلىك كۈچلەرگە تايىنىشقا ئىنتىلگەن ھەم شۇنداق قىلغان. بۇنىڭ مىسالى كۆپ، لېنىننىڭ بولشېۋىكلەر پارتىيەسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە، يەنى گېرمان رازۋېدكىسىغا تايانغان. ئىچكى ئۇرۇشتا بولشېۋىكلەرگە قارشى ئاقلار غەرب ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ياردىمىگە تايانغان. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئازادلىق ئۇرۇشى جەريانىدا ئاتاتۈرك مۇستافا كامال ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىپ ئۇنىڭ ھەربىي-ئىقتىسادىي ياردەملىرىگە ئېرىشكەن ۋە ئەڭ ئاخىرىدا كۈچىيىپ بولغاندىن كېيىن سوۋېتقا قارشى مەيدانغا چىققانىدى. ھەتتا ئوسمانلى پادىشاھى كۆيئوغلى، ياش تۈركلەر ھەرىكىتى يېتەكچىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئەنۋەر پاشامۇ ئۆز رەقىبلىرى ئانتانتا دۆلەتلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنى قۇتقۇزۇش يولىدا لېنىن رۇسىيەسىگە تايىنىش ئۈچۈن موسكۋاغا كەلگەن ۋە لېنىننىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن، ئەمما ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، سوۋېت تەرەپتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمىيەت قۇرۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ شېھىت بولغانىدى.

موڭغۇلىيە خەلقىمۇ ئوخشاشلا سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىغا كىرىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى ۋە ئاخىرغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىش ئارقىلىق ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىدى ھەم دۇنيادا ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا ئېرىشتى.

خىتاي مىللەتچىسى سۇن جوڭشەن مانجۇ ئىمپېرىيەسىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىدە باشتىن ئاخىرى ياپونىيەنى بازا قىلىپ، ياپونغا تايانغان. ياپونىيە بولسا كېيىن خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ بىرىنچى رەقىبىگە ئايلانغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا قۇدرەتلىك دۆلەتلەرگە تايىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش ياكى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ئېلىپ بېرىش خىتايدا خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگىدۇ. ھاكىمىيەتنى شىمالىي مىلىتارىستلارغا تارتتۇرۇپ قويغان سۇن جوڭشەن 1923-يىلىدىن باشلاپ سوۋېت رۇسىيەسىگە تايىنىپ، ھەتتا شەرقىي تۈركىستاننى بازا قىلىپ، شىمالىي مىلىتارىستلارنى يوقىتىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاڭ كەيشىنى موسكۋاغا ئەۋەتكەن. سۇن جوڭشەن موسكۋا بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى ۋە سۇن جوڭشەن ھەم جاڭ كەيشىلەر سوۋېت رۇسىيەسىدىن زور ھەربىي ياردەم ئالدى ۋە مەسلىھەتچىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. 1927-يىلى جاڭ كەيشىنىڭ پۈتۈن خىتاينى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىشىنى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ياردىمىدىن ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. خىتاي گومىنداڭ گېنېراللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇ قىزىل رۇسلار قۇرۇپ ھەربىي ئىشلارنى ئۆگەتكەن خۇئاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەر ئىدى. جاڭ كەيشى ئوخشاشلا 1937-1942-يىللىرى ياپونىيەگە قارشى ئۇرۇشتا

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غايەت زور ھەربىي ياردەم ئالدى. ۋەھالەنكى، ختايلار ھېچقاچان سۇن جوڭشەن ياكى جاڭ كەيشىنى سوۋېتقا سېتىلغان خائىنلار دېمەيدۇ.

ختاي كوممۇنىستلىرى بولسا 1921 ـ يىلدىن تارتىپ سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ياردىمى ئاستىدا بولدى. ختاي كومپارتىيەسىنى لېنىن رۇسىيەسى ئۆزى بىرقوللۇق قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ پارتىيەنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى موسكۋا تەمىنلىگەن ھەتتا بەزى قۇرۇلتايلىرىنى موسكۋادا ئاچقان شۇنىڭدەك مەخسۇس ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، كومپارتىيەنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلگىرىكى ختاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرى ۋە كېيىنكى ماۋ قاتارلىقلار ئوخشاشلا ستالىننىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ئىش ئېلىپ باراتتى. ئەگەردە 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى  ياپوندىن ئولجا ئالغان نەچچە مىڭ زەمبىرەك، مىناميوت ۋە زور ساندىكى ھەر خىل قورال ـ ياراقلارنى شۇنىڭدەك ئۆزلىرى چىقىپ كېتىدىغاندا مانجۇرىيەدىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قوللىرىدىكى قوراللارنى ختاي كومپارتىيەسى قوشۇنلىرىغا  بەرمىگەن بولسا ھەم ئىزچىل ياردەم كۆرسىتىپ قوللىمىسا ختاي كوممۇنىستلىرى  ئۈچ چوڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئومۇمەن، سوۋېت ئىتتىپاقى قوللىمىسا، ياردەم بەرمىسە ۋە تىكلىمىسە ختاي كوممۇنىستلىرى ئاللىبۇرۇن يوقىتىلاتتى.  ھەتتا 1949 ـ 1960 ـ يىلىغىچمۇ ختاي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇپ ئۇنىڭ سانائەت، ئاتوم بومبىسى تېخنىكىسى، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە باشقا ھەر جەھەتلەردىن ياردىمىگە ئېرىشتى. 1949 ـ يىلى دۇنيادا پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا كوممۇنىستىك ختايغا ياردەم بەرگۈچى كۈچ ئىدى. مانا بۇ جەريانلاردا ستالىن ختاي كومپارتىيەسىگە تەسىر كۆرسەتكۈچى شەخس بولۇپ، ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇش بەلگىلىنىپ بولۇنغانىدى. ستالىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا ماۋ ئەركىن نەپەس ئالدى ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشكە باشلىدى خالاس.

دېمەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1944 ـ 1949 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە  ئېرىشىشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىشقا ئىنتىلىشى ۋە  بۇ خىل ياردەملەرنى قولغا كەلتۈرۈشى  ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەقەززاسى ئىدى. بۇ تايىنىش، خۇددى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك ئېزىلگەن ۋە مەھكۇم مىللەتلەر ياكى سىياسىي ھوقۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كۈچلەر باشقا كۈچلۈك دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن ئاسىيادا سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىش يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئىدى.

ۋەھالەنكى، ياردەم بەرگۈچى ۋە قوللىغۇچى ئۆز مەنپەئەتلىرى توغرا كەلگەندىلا قوللايدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ستالىننىڭ ئۇيغۇرلاردىن باشقا خەلقلەرگە، رايونلارغا بەرگەن ياردەملىرى ۋە قوللاشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ ياردەم ئالغۇچىلارنىڭ  ئېھتىياجىنىڭ ۋە ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن خۇلاسىلەندى. بۇ ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتلىرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنىدى.

موسكۋانىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىكى ئەمەلىي ياردىمى بىلەن ئىككىنچى باسقۇچىدىكى ياردەملىرىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئۇسۇلى، ھەجمى ئوخشىمايتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچتا كۆرسەتكەن ياردەملىرى  ۋە قوللاشلىرى دەل ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە كۆزلىگەن خەلقئارالىق سىياسىي ئىستراتېگىيەسىگە ئۇيغۇن كەلگەنىدى. ئىككىنچى باسقۇچتا بولسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسەن ئىش تۇتتى خالاس.

دۆلەتلەر ئارا ئىتتىپاقداشلىق، دوستلۇق ئاساسەن مىللىي ۋە دۆلەت مەنپەئەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەنە شۇنداق مەنپەئەتلەر ئېھتىياجىدىن دۆلەتلەر ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ھەر خىل دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدۇ. بەزىدە ئورتاق دۈشمەن شەكىللەنگەندە ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئىتتىپاقداشلىق ئورنىتىدۇ. گىتلېر گېرمانىيەسى ۋە  ياپونىيە مىلىتارىزمىغا قارشى كوممۇنىستىك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن  دېموكراتىك ئامېرىكا،

ئەنگلىيە قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇلارنى فاشىزمغا قارشى ئىدىيە ۋە كۈرەش بىرلەشتۈرگەن بولسا، فاشىزم يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقداشلىق ئاخىرلىشىپ، رەقىبلىك باشلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيانى، جۈملىدىن ياۋروپا ۋە ئاسىيانى بۆلۈۋېلىپ ئۆز تەسىرى ئاستىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن يول قويىماسلىققا ئۇچرىدى. 1945-يىلى 9-ئايدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇپ دۇنياۋى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئورنىغا ئۆتۈشى سوۋېت ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ بىئارام قىلغانىدى. دېمەك، رىقابەت، يەنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ھاسىل بولۇپ كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار دىيارى بولسا ئەمەلىيەتتە ستالىننىڭ ئاشۇ «تۆمۈر پەردىسى» نىڭ بىر چېتى ھالىتىدە بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ جاينى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىدا تۇتۇشنى، بۇ جايغا ھەرقانداق بىر غەرب دۆلىتىنىڭ كىرىشىنى توسۇشنى ئۈمىد قىلدى. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستان ستالىننىڭ ئەنە شۇ سوغۇق ئۇرۇشىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى بىر ئالدىنقى سېپى ئىدى.

ئەلىخان تۆرەم دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن سوۋېت ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تاماملىنىپ بولۇش بىلەن ۋەزىپىسى ئادا قىلدۇرۇلۇپ تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىلىش خۇلاسىسى چىقتى. 11 ماددىلىق بىتىممۇ ئەنە شۇ ستالىننىڭ ئاسىيادا، جۈملىدىن مۇستەقىل جەنۇبىي ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئىران ھۆكۈمىتى، خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن گومىنداڭ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي كورېيە ئارىسىدا ۋە باشقا شەرقىي ياۋروپادا ئوينىغان بىتىم ھەم بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئويۇنىنىڭ بىرقىسمى ئىدى خالاس. بۇنىڭغا ئەلىخان تۆرەممۇ، ئەخمەتجان قاسىمىمۇ ۋە غېنى باتۇر، ئوسمان باتۇرلارمۇ قارشى تۇرۇپ، توختىتالمايتتى خالاس. مەزكۇر بىتىم بىرەر ئىككى ئادەم ئۆزى بېرىپلا ئۆز ئالدىغا ئىمزا قويىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇرۇش قىلىش ياكى بىتىم تۈزۈش، بىتىمغا ئىمزا قويۇش ياكى قويىماسلىق، قانداق بىتىم بولۇش ئەلىخان تۆرە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسى ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قالماي ئۈدۈل ئۈرۈمچىگە كىرىپ كەتكەن بولار ئىدى. دېمەك، مۇنداق ئىمكانىيەت ئەلىخان تۆرىدە ئەمەس، ئۇ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قورال-ياراغ، ئوق-دورىلىرى، قوماندان، مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق ھەربىي-سىياسىي جەھەتلەردىن ئۆز تەسىر دائىرىسىدە تۇتۇۋاتقان ستالىن تەرىپىدىنلا بەلگىلىنەتتى. ئەلىخان تۆرە رىئاللىققا، سىياسىي شەرت-شارائىتقا، خەلقئارا ۋەزىيەتكە، 2-دۇمدىكى ستالىننىڭ ۋەكىللىرى گېنېراللارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ ئاخىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ۋە ئاخىرىدا ئىمزالىنىشقا ماقۇل كەلگەنىدى. ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ھاياتىنى تاشكەنتكە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى خالاس. ئەگەر ئۇ كۈچلۈك ۋە ھەممىگە قادىر بولغان بولسا ھاياتىنى تاشكەنتتە ئەمەس، بەلكى غۇلجىدا ئۆتكۈزگەن بولار ئىدى.

ستالىننىڭ بىتىمدىكى ھەل قىلغۇچ رولىغا شۇنداق مىسسال كۆرسىتىش مۇمكىنكى، مەخپىي سوۋېت ئارخىپلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، 1945-يىلى 10-ئاينىڭ 12-كۈنى سۆھبەتكە ماڭغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى ماناس دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا غۇلجىدىكى 2-دۇمدا تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالى ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىسى گېنېرال ۋلادىمىر يېگناروف دەرھال ستالىن، مولوتوف، بېرىيا قاتارلىق سىياسىي بىيۇرو ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ ماناس دەرياسى مۇداپىئە لىنىيەسىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ، خىتاي تەرەپتىن كۈتىۋېلىنىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. دېمەك، ستالىن، مولوتوف، بېرىيا قاتارلىقلار بۇ سۆھبەتنىڭ ھەممە قەدەملىرى ۋە مەزمۇنلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغانىدى. ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا 1945-يىلى 12-ئاينىڭ 27-كۈنى جاڭ كەيشى سوۋېت ئىتتىپاقىدا 12 يىل تۇرۇپ رۇس ئايالغا ئۆيلەنگەن ئوغلى جاڭ جىڭگونى مەخسۇس خەت بىلەن موسكۋاغا ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە قاتارلىق ئۈچ چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ موسكۋا يىغىنى ئېچىلىپ ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا تەرتىپىنى بېكىتىشنىڭ كونكرېت قەدەملىرى ، جۈملىدىن خىتاينىڭ تەقدىرى بېكىتىلىپ كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان. كېلىشىم بويىچە بارلىق كۈچلەر، مەسىلەن كومپارتىيە ۋە باشقىلار جاڭ كەيشى مەركەزلىكىدىكى دېموكراتىك خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىرلىشىپ،

بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىنىش بىكىتىلگەنىدى. بىراق بۇ يىغىنغا جاڭ كەيشى چاقىرىلمىغان، يەنى خىتاي دۇنيا قۇدرەتلىك دۆلەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغانىدى. جاڭ كەيشى ئوغلى جاڭ جىڭگونى ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مانجۇرىيەدىن چىقىپ كەتسىلا ئۇ خالىغان ھەممە ئىمتىيازلارنى بېرىدىغانلىقى، ئامېرىكانىڭ قوشۇنلىرىنى مانجۇرىيە ۋە شىمالىي خىتايغا كىرگۈزمەيدىغانلىقى، ستالىن ماقۇل دېسە خىتايدىن قانداق پايدا ئالىمەن دېسە ھەممىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ھەتتا موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1945-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ئاخشامدىكى سۆھبەتتە جاڭ جىڭگونى جاڭ كەيشىنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى ھەم سودىلىشىپ ستالىننى خوشال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى سۆھبىتىدە ئىلى تەرەپنىڭ خىتاي قوشۇنلىرىنى چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغۇاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ سۆھبەتتە ئۆز تەلەپلىرىدە قاتتىق تۇرىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىپ ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنە شۇ ئاخشىمى ستالىن جاڭ جىڭگوغا ئىلى تەرەپنىڭ بۇ تەلەپلىرىنىڭ قالدۇرۇلىدىغانلىقى، ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ جاڭ جىڭگونى خاتىرجەم قىلدى. ھەقىقەتەن، خىتاي تەرەپ بىلەن تالىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەرەپ غۇلجىدىن كەلگەن بۇيرۇق بويىچە 1-ئاينىڭ 2-كۈنى 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئاساسلىق ھۆججىتىگە ئىمزا قويىدى. شۇنى ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، بۇ ئۈچ ۋەكىلنى ئەلىخان تۆرە باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئۆزى قارار چىقىرىپ ئەۋەتكەن ۋە ئۇلارغا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش سالاھىيىتىنى بەرگەن شۇنىڭدەك رەھىمجان سابىرھاجىنى سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇلار ئەلىخان تۆرە باشلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارارىسىز ھېچقانداق قەدەمنى تاشلىمايتتى.

سوۋېت ئارخىپلىرىدىن ئايدىڭ بولۇشىچە، ھەتتا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجا ۋە خىتاي تەرەپتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىللىرىنىڭ تىزىملىكىنىمۇ لاۋرېنتىي بېرىيا ئۆزى كۆرۈپ چىققان ۋە بېكىتكەنىدى. مانا شۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرەم ئۆزى تېخى رەئىس، مارشال، شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى ئىدى خالاس. رەھىمجان سابىرھاجى باشلىق، ئوبۇلخەيىر تۆرە (قازاق)، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئىككى كىشى ئەزا بولغان سۆھبەت ۋەكىللىرىنىڭ بىتىمگە ئىمزا قويۇشى بىرسى غۇلجىدىن ، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن كەلسە، شەرقىي تۈركىستان ئالىي رەھبەرلىكىگە ستالىندىن كېلەتتى. 8 ئايلىق سۆھبەت جەريانىدا ئۈچ ۋەكىل 5 قېتىم غۇلجىغا بېرىپ كەلدى ۋە جەمئىي 30 قېتىمدىن ئارتۇق تالاش-تارتىش قىلدى ھەم سۆھبەت 8 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سوزۇلۇپ، كۆپ قېتىم بۇزۇلدى ۋە ھەر قېتىمدا خىتاي تەرەپ سوۋېت كونسۇلخانىسى ئارقىلىق سوۋېت تەرەپنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ۋەزىيەتنى ئوڭشىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىتىم بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاخىرلاشتۇرمىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يەنىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىدى. ئۇنىڭ دۆلەت بايرىقى، دۆلەت ئاپپاراتلىرى يەنىلا مۇستەقىل ھالدا داۋاملاشتى. خىتاي قوشۇنلىرى ماناس دەرياسىدىن ئۆتەلمەي، بۇ لىنىيە ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ چېگرا پاسىللىق رولىنى ئوينىدى. خەلقئارا نۇقتىدىن قارىغاندا بولسا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى سوۋېت ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، يەنى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى ئۆتكۈرلىشىشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ باسقۇچىغا توغرا كەلگەنىدى. ئەخمەتجان قاسىمى مانا شۇ ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ جاپالىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، يەنى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن ئۈچ ۋىلايەت-شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھايات-ماماتلىق باسقۇچىدا خەلققە رەھبەرلىك قىلدى.

مەيلى ئەلىخان تۆرە ۋە ياكى ئەخمەتجان قاسىمى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مۇستەقىللىقنى، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولى تۇتقانىدى. ئەنە شۇ ئېھتىياجدىن ئۇلار ستالىننىڭ مەسلىھەتچىلىرى، ۋەكىللىرىنىڭ تەشەببۇس-تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پەقەت ئەڭ ئاخىرى 1949-يىلىنىڭ 7-8-ئايلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، شەرقىي

تۈركىستاننى شەرتسىز، ھېچقانداق تەلەپسىز ھالدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا، يەنى يېڭى كوممۇنىستىك خىتاينىڭ قولىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ھەم ھېچقانداق مۇستەقىللىق ياكى يۇكسەك بىر ئۆزىنى ئۆزىنى باشقۇرۇش، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى دەۋاسى قىلنمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئەخمەتجان قاسىمى مانا شۇ قىسمەتكە دۇچ كېلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كەچمەسلىك يولىنى تاللىدى. دېمەك، پۈتۈن خىتاينىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ تەقدىرىدىكى زور تەسىر كۆرسەتكۈچى، ئاچقۇچلۇق شەخسىنىڭ بىرى ستالىنغا «ياق» دېيىش، بۇ دۆلەت كۆرسەتكەن يولدا ماڭماسلىقنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ پاجىئەلىك بولاتتى.

## ئەخمەتجان قاسىمى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقىنى ئاخىرغىچە قوغدىغۇچ

ئەخمەتجان قاسىمى ئاشۇ ئەلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى ئازادلىق تەشكىلاتى 1944-يىلى 12-نويابىر كۈنى غىنى باتۇر قاتارلىق باتۇرلارنىڭ ۋە مىڭلىغان غۇلجا خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگەن غەلبىسى نەتىجىسىدە تىكلىگەن، مۇستەقىللىقنىڭ سىمۋولى بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق يېشىل دۆلەت بايرىقى ۋە ئاق ئىسلام بايرىقىنى ئاخىرغىچە غۇلجا شەھىرىدە ۋە پۈتۈن ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي تەۋەسىدە لەپىلدەتتى. بۇ بايراق پەقەت ئەخمەتجان قاسىمى يوق قىلىنغاندىن كېيىن، يەنى 1949-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەمكارلىقى ئاستىدا ئېلىپ تاشلاندى خالاس. دېمەك، ئەخمەتجان قاسىمى ئەنە شۇ ئازادلىققا ئىنتىلگەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئىسسىق قان بەدەللىرىگە تىكلەنگەن ۋە شىخو-جىڭ ئۆرۈش مەيدانلىرىدا جان بىلەن قوغدالغان بۇ بايراقنى ئاخىرغىچە قوغدىغۇچى ھەقىقىي خەلق رەھبىرى ۋە ئۇيغۇر مىللىي داھىيسى ئىدى. ئەگەر، ئەخمەتجان قاسىمى قاتمۇ-قات دۈشمەن، قاتمۇ-قات بېسىم، تەھدىت ئاستىدا ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە چۈشۈرمىدى. مەيدىسىگە ئاشۇ رەئىس جۇمھۇر ئەلىخان تۆرە 1946-يىلى 1-ئايدا ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن كېيىن غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندە تەقدىم قىلغان ئالىي دەرىجىلىك شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنىڭ سىمۋولى بولغان بىرىنچى دەرىجىلىك مۇقەددەس ئاي يۇلتۇزلۇق «ئازادلىق» ئوردېنىنى تاقىغان پېتى شېھىت بولدى.

شۇنى ئەسكەرتىش مۇمكىنكى، ئەلىخان تۆرە بىلەن ئەخمەتجان قاسىمغا بىرىنى بېشىغا سەللە ئوراپ تون كىيىپ بۇخارا ۋە مەككىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي «داھىي»، يەنە بىرىنى بېشىغا دوپپا، ئۈچىسىغا كاستۇم كىيىپ گالستۇك تاقاپ، تاشكەنت ۋە موسكۋادا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «جاسۇس»، «ساتقۇن» غا چىقىرىش ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىپ ۋە ئۇنىڭ دۆلەت بايرىقىنى يىرتىپ تاشلاپ، پۈتۈن ئۇيغۇرلار دىيارى، يەنى «شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلدۇق» دېگەن سەپسەتىنى 70 يىلدىن بۇيان قانۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كېلىۋاتقان ھەم بوگۇن شۇنىڭغا پۈتلىكاشاڭ بولدى دەپ قاراپ نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا، تۈرمىلەرگە قامىغان كوممۇنىستىك خىتاينىڭ سىياسىي ئويۇنچىلىرىنى خوش قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. تارىخىمىزدا سەللە ئورىغانلاردىنمۇ سانسىز خائىن، ساتقۇنلار چىققان. ئاپئاق خوجىدىن باشلاپ، تاكى شاپتۇل داموللامغىچە كەلسەك بۇنىڭ سانىنى ئېلىش بەك تەس. ئابدۇقادىر داموللامدەك بۈيۈك دىنى ئالىملىرىمىزغا قەست قىلىشقا قاتناشقانلار، كۆرەلمىگەنلەر ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ بېشىغا سەللە ئوراپ، داموللام بىلەن بىرگە يۈرىدىغانلار ئىدى. مۇستەبىت، سېھىرگەر خىتاي ياڭ زېڭشىن نەچچە مىليون ئۇيغۇر خەلقىگە ھەر يېزىغا نەچچىلىگەن مەسچىت سېلىپ بېرىپ، ھەممە مەسچىتلەرنى ئۆزلىرى ئىشەنگەن ئىماملارغا تۇتقۇزۇپ، مىللەت، ۋەتەن، دىن دەپ يۈرىكى ئېچىشقان ۋە ئازادلىققا ئىنتىلگەن دىنىي زاتلارنى، مىللەتپەرۋەرلەرنى ئەشۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق يوق قىلىپ، پۈتۈن خەلقنى نادانلاشتۇرۇپ 17 يىل مىدىراتماي ئىدارە قىلدى. پۈتۈن جەنۇبتا بار يوقى 6-7 مىڭ خىتاي بار بولغان بولسا، ئەنە شۇ 6 - 7 مىڭ خىتاي 3 - 4 مىليون ئۇيغۇرغا ھۆكۈمران ئىدى. بىر ناھىيەدە بىر خىتاي ئامبال بولۇپ، نەچچە يۈز مىڭ ئۇيغۇرنى مىدىراتماي ئىدارە قىلالىدى. ئەنە شۇ 17 يىل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى

بەكمۇ ئارقىغا كېچىكتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەسلىدە 1933-يىلى ھەقىقىي دىن ۋە مىللەت ئىدىيەسىنى بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرغان 20-ئەسىرنىڭ ئەقىللىق ئۇيغۇر سىياسىيونلىرىدىن ۋە دىنىي ھەم مىللىي داھىيلىرىدىن بىرى سابىت داموللام باشچىلىقىدا تەسىس قىلىنىدىغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1917-1920-يىللاردا، يەنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىششى بىلەن شەكىللەنگەن دۇنياۋى ئۆزگىرىش، ئىمپېرىيەلەر ئارقىمۇ-ئارقىدىن يىقىلىپ، مۇستەملىكە خەلقلىرى مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىۋاتقان دەۋرىدە قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

ياڭ زېڭشىن ياراتقان سىياسىي پاجىئەنىڭ، ئۇيغۇر پاجىئەسىنىڭ سەۋەبى نەدە؟ بۈيۈك دىنى، مىللىي، سىياسىي ۋە ئىلمىي رەھبەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەسەرلىرى، بۈيۈك مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرى ۋە ئۆتكۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى مانا بۇ سوئاللارغا ياخشى جاۋاب بېرەلەيدۇ تامام! ئەگەردە بۇ ۋەزىيەتنىڭ سىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىمەن دېسىڭىز سىياسىي سېھىرگەر ختاي ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق ئىدارە قىلىش دەستۇرى «تۆۋە-ئىستىغپار ھۆجرىسىدىكى خەت-چەكلەر» نى ئوقۇپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ. يەنە بىر مىسال شاپتۇل داموللام 1930-يىللاردىكى قەشقەرنىڭ ھەر كۈنى سەللىسىنى بېشىدىن ئالمايدىغان ئەڭ داڭلىق دىنىي زاتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ جاللات شېڭ شىسەيگە ئوقۇغان مەدھىيەلىرى مىللىي قەھرىمان، دىن ۋە مىللەت يولىنى بىرلەشتۈرگەن كۈرەشچىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانىدى. بۈگۈنكى شاپتۇل داموللىلار دەۋرىمىزدىمۇ ئاز ئەمەس.

ئەلۋەتتە، كاستۇم بۇرۇلكىلىق، دوپپا كىيگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىنمۇ كۆپلىگەن خائىنلار، ساتقۇنلار ۋە بەلكى جاسۇسلار چىققانلىقى سىر ئەمەس، بۇلارنى ساناش توغرا كەلسە بۇلارغىمۇ پاكىتلارنى كۆپلەپ كۆرسىتىمىز. لېكىن، كىم بولسۇن، مەيلى سەللىلىك بولسۇن ياكى دوپپىلىق بولسۇن خائىن، ساتقۇن ۋە جاسۇسنى نەق پاكىت، ھۆججەت بىلەن ئاتايمىزكى، كىشىلەرگە، بىگۇناھ ئىنسانلارغا تۆھمەت چاپلاشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. تۆھمەت قىلىش مۇقەددەس دىنىمىزدا ئەڭ چوڭ گۇناھ سانىلىدىغانلىقى شۇنىڭدەك ئىنسانىي ئەخلاق ۋە قانۇن-مىزان ئۆلچەملىرىدىمۇ ئېغىر جىنايەت قارىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

## قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرى ۋە مىللىي روھىيىتىنى تىكلەش كۆزى

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش مۇمكىنكى، قېرىنداش ئوتتۇرا ياۋرو-ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى-ئەزەر، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ۋە باشقىلارنىڭ بېسىپ ئۆتكەن سىياسىي مۇساپىلىرى ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاشلىقى ئىگە. ئۇلارمۇ 1917-يىلى رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلاندى ۋە بۇ مۇساپىدە سوۋېت رۇسىيەسىدىن ئىبارەت يېڭى كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيە رامكىسى ئاستىدىكى سوۋېت ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ يېقىنقى 100 يىللىق تارىخىدا جەدىتىزم، مىللەتچىلىك، ئورتاق تۈرك ھاكىمىيىتى قۇرۇش ۋە كوممۇنىزم ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى ۋە ئاخىرىدا بۇ خىل ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى يوق قىلىندى. بولۇپمۇ ئالدىنقى ئۈچ ھەرىكەت، يەنى جەدىتىزم، مىللەتچىلىك، ئورتاق تۈركچىلىك ھەرىكەتلىرى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، سوۋېت كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى رامكىسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر، يەنى ئاپتونوم ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتچىلىك يولىغا ماڭدۇرۇلدى. ئىلگىرىكى جەدىتلەر، مىللەتچىلەر، تۈركچىلەرنىڭ كۆپى كېيىن بولشېۋىكلەرگە ئايلىنىپ، ئۆز مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن ئۆزبېك جەدىدلىرى، شورائىي ئىسلامىيە تەرغىباتچىلىرى، مىللەتچىلەر ياش بۇخارالىقلار، ياش خىۋەلىكلەر پارتىيەلىرىنى بەرپا قىلىپ، 1920-يىلى كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىكىنى ۋە خىۋە خانلىق تۈزۈملىرىنى ئاغدۇرۇپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارازىم خەلق جۇمھۇرىيىتى ناملىرى ئاستىدىكى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى بەرپا قىلدى. قازاق مىللەتچىلىرى بولسا ئايرىم ھالدا ئالاش ئوردا گۇرۇھىنى قۇرۇپ، ئالاش ئوردا ھاكىمىيىتىنى قۇردى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى-كېيىن

كوممۇنىستلىشىپ، 1924 ـ يىلىدىن كېيىن ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى، قازاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى، تاجىك جەدىدلىرى ۋە مىللەتچىلىرى بولسا كوممۇنىستلىشىپ تاجىكىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە ئايلاندى. قازاقىستان، قىرغىزىستان 1936 ـ يىلى ۋە تاجىكىستان 1929 ـ يىلى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولۇپ قۇرۇلدى. ئەنە شۇ مىللەتلەرنىڭ يۇقىرىدا نامى ئېيتىلغان ھەر خىل ئىدىيەدىكى گۇرۇپپىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى 1937 ـ 1938 ـ يىللىرى ستالىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ تازىلاندى. لېكىن ئۇلار بۇ جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ئۆز مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ۋە ئاقىۋەتتە بۈگۈنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى ئاساسچىلار دەپ يۇقىرى باھالاندى. يەنى ئۇلار ئۆز ئەقىدىسىدىن يېنىپ، رۇسلار بىلەن بىرلەشكەنلەر، خائىنلار، ساتقۇنلار دەپ قارالمىدى.

بۈگۈنكى مۇستەقىل ئۆزبېكىستان ھەتتا كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمىدە بۇخارا ئەمىرلىكىنى يوقىتىپ بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرغان، ھەتتا 1920 ـ يىلى ئاشۇ بۇخارانى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا رۇس قىزىل ئارمىيەسىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىق، ۋەيران قىلىش، بۇلاڭ ـ تالان قىلىشىغا سەۋەب بولغان، ئەمما 1938 ـ يىلى ستالىن جاللاتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن پەيزۇللا خوجايېۋ (1896 ـ 1938)، ئابدۇرەئۇپ فىترەت (1886 ـ 1938)، ئۆزبېكىستان كوممۇنىستلار پارتىيەسى كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئەكمەل ئىكراموۋ (1898 ـ 1938) قاتارلىقلارنى ئوخشاشلا بۈگۈن ئۆزبېك خەلقىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرى دەپ پەخىرلىنىدۇ. قازاقلار، قازاق مىللەتچى كوممۇنىستلىرىدىن ئورتاق تۈرك فېدېراتسىيەسى دۆلىتى قۇرۇش پىكرىدىكى تۇرار رىسقۇلوۋ (1894 ـ 1938)، ئەلىخان بۆكېخانوۋ (1866 ـ 1937)، كۆپ يىللار ن ك ۋ د خادىمى بولغان قازاقىستان بىرىنچى سېكرېتارى جۇماباي شاياخمېتوۋ (1902 ـ 1966)، ئۇزۇن يىللار بىرىنچى سېكرېتار بولغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دىنمۇھەممەد قۇنايېۋ (1912 ـ 1993) قاتارلىقلارنى سوۋېت جاسۇسلىرى، قولچوماقلىرى ياكى رۇس چاكارلىرى دېمەستىن قازاق خەلقىنىڭ مىللىي جۇمھۇرىيىتى، بۈگۈنكى قازاق مىللىي دۆلەتچىلىكىنىڭ ئاساسىنى ۋە روھىنى كۆچەيتكۈچىلەر دەپ پەخىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ قازاقلار ئوخشاشلا ئۇزۇن يىللار قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن دىنمۇھەممەد قۇنايېۋ ۋە نۇرسۇلتان نازاربايېفلارنى قازاق مۇستەقىللىقىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلار ئورنىدا پەخىرلىنىدۇ. بۈگۈنكى قازاق خەلقى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرى ئۈچۈن قازاقلىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇكى، 1962 ـ 1964 ـ يىلى قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ، پۈتۈن قازاقىستاننى باشقۇرغان ئۇيغۇر ئىسمائىل يۇسۇپوفقا قازاق تۇپراقلىرىنى ئۆزبېكىستانغا بېرىۋەتكەن، قازاق مىللىي مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلغان، موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسىدىن چىقمىغان دېگەندەك قىلمىشلار ئارتىلىپ، ئۇن پەقەت قارىلاش يولى تۇتۇلىدىكى، قازاقىستان كومپارتىيەسىگە 20 يىللار بىرىنچى سېكرېتار بولۇپ، موسكۋانىڭ كۆرسەتمىسىنى ئەڭ سادىق ئورۇندىغان قۇنايېفلار گۇناھسىزدۇر. چۈنكى، ئىسمائىل يۇسۇپوف قازاق مىللىي روھىيەت قۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ ئەمەس، ئەمما قۇنايېف قازاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تىكلىنىشى كېرەك ئىدى. ئوخشاشلا ئۆزبېكىستاندا 1925 ـ يىلىدىن تاكى 1940 ـ يىللارغىچە ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمەت رەئىسى، يەنى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان ئەسلى تېگى قەشقەرلىك، ئەمما نامانگاندا چوڭ بولغان ئۇيغۇر يولداش ئاخۇنبابايېۋ بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ نامىدىكى بەزى ئورۇنلار بىكار قىلىنغان ھەم ئۇ ئۆزبېك مىللىي ئىپتىخارلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمىغاندى. لېكىن بىز ھەتتا ئەلىخان تۆرەم ئېتنىك جەھەتتىن ئۆزبېك بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەبەدىي ئۆزبېك ھېسابلىسىمۇ، 92 ياشلىق ھاياتىدا پەقەت 15 يىللا ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا ياشىغان بولسىمۇ ئەمما بىز ئۇنى يەنىلا ئۇيغۇر دەپ قارايمىز، ئۇنى مىللىي روھىيىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى قىلىپ تىكلەيمىز، چۈنكى ئۇ تارىخىمىزدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىزگە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن رەئىسلىككە سايلانغان ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنغانىدى. ئۇ جۇمھۇرىيىتىمىزگە بىر يېرىم يىل غەلىبىلىك رەھبەرلىك قىلىپ، خەلقىمىزدە ئەبەدىي ئۇنتۇلماس روھ ۋە ئىشەنچ شەكىللىنىشتە ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسىنىڭ مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا

مىللەت جەڭچىلىرى ئىسھاقبېك مۇنونوفنى قىرغىز دەپ ئايرىماستىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالىي قوماندانى سۈپىتىدە ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جەڭگە ئاتلاندى ۋە چەكسىز ھۆرمەت قىلدى. مۇنداق باشقا قېرىنداش مىللەتتىن چىققان دۆلەت، ھەربىي ۋە مەمۇرىي رەھبەرلەرگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ پىداكارلىقى، قابىلىيىتىنى قەدىرلەش خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ھەم ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. كىم ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلسا، مىللەت ئايرىپ ئولتۇرماي ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ھەتتا ئۇنى ئۆزىگە باشلىق قىلىپ تاللاش خەلقىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تاللىغان يولى ئىدى. خەلقىمىزدە مۇنداق گۈزەل ئەخلاق، مۇنداق ئورتاق تۈركىي قېرىنداشلىق، ئورتاق تەقدىرداشلىق، كەڭ قۇچاق ئېچىش خاھىشىمۇ ھازىرمۇ كۈچلۈك.

## خۇلاسە

ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى قوغدىمىغان، ئۆزىنى ھۆرمەتلىمىگەن، ئۆزىنى سۆيمىگەن مىللەتنى باشقىلارنىڭ قەدىرلىشى، سۆيۈشى ۋە ئېتىراپ قىلىشى ناتايىن. بىز ئۆزىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىمىزدىن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان شانلىق مەدەنىيەت تۆھپىلىرىمىزدىن، تارىختا قۇرغان بۈيۈك دۆلەتلىرىمىزدىن، تارىخىمىزنى يارىتىشقا، تىكلەشكە ھەسسە قوشقان خاقان، پادىشاھ، ۋەزىر، گېنېراللىرىمىزدىن، ئالىملىرىمىز ھەم مىللەتپەرۋەر زاتلىرىمىزدىن، قەھرىمان ئوغلانلىرىمىزدىن، ئومۇمەن ئۆزىنى مىللەتكە ئاتىغان ئەجدادلىرىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىش روھىنى تىكلىيەلىگىنىمىزدە ئاندىن بىز كېلەچەككە يېتەلەيمىز. نۆۋەتتە ئۇيغۇر مىللىتى 21-ئەسىردە مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالامدۇ يوق؟ ئۇنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ساقلىنالامدۇ يوق؟ ئۇنىڭ 1930-يىللاردىكى ۋە 1944-1949-يىلىدىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ۋە مۇستەقىل دۆلىتى-شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى روھى ساقلىنالامدۇ ياكى ئۆچۈرۈلۈپ تاشلىنامدۇ يوق؟ دېگەندەك خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. تارىخىي سەھىپىلىرىمىزنى ياراتقان قەھرىمانلىرىمىز ۋە داھىيلىرىمىزنىڭ يۈزىگە ئۆزىمىز ئۆز قولىمىز بىلەن قارا سىيا چاچساق، باشقىلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى يوق قىلىۋېتىمەن دېگۈچىلەر ئۆز تەرەتلىرىنى چاچىدۇ خالاس! مىللىي ئىپتىخارلىرىمىزغا، روھىي تۈۋرۈكلىرىمىزگە، شانلىق ئۆتمۈشىمىزگە قارا چېچىش ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خارلاپ، باشقىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا نەغمە - ناۋا قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش. ئەگەردە بىز ئۇنىڭغا ئىگە بولالمىساق كەلەچىكىمىز غۇۋا بولىدۇ، جىسمىمىز ۋە روھىمىز ئەبەدىي قۇللۇق زەنجىرى بىلەن باغلىنىشى مۇمكىن.

ئاخىرىدا ئۇيغۇر مىللىي داھىيسى، مىللىي رەھبىرى مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى جاناپلىرىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن سۆزۈمنى خۇلاسىلىمەكچىمەن: «بىز دۈشمەننى يېڭەلەيمىز، ئەمما ئىتتىپاقسىزلىق بىزنى يېڭىدۇ. بىز قاچان ئىتتىپاقسىزلىقنى يېڭەلىگەندە بىز دۈشمەننى تولۇق يېڭىمىز».

ئاخىرىدا يەنە شۇنداق دەپ دۇئا قىلغۇم كەلدى، ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ مىللىتىمىزنىڭ ھۆرلۈكى، بەخت-سائادىتى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتا قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى جەننەتتىن قىلغايسەن! ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىز، ئۇلۇغ داھىلىرىمىز، ئۇلۇغ قەھرىمانلىرىمىز ۋە جۇمھۇرىيەت بايرىقىنى تىكلىگەن ۋە قوغدىغان ئېسىل ئەجدادلىرىمىزنى بىزلەرگە ئۇنتۇلدۇرمىغايسەن! بىزلەرگە ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىش، ئىشىنىش، ئۆزىمىزنى سۆيۈش، بىر-بىرىمىزنى مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىق بىلەن قۇچاقلاش روھى ئاتا قىلغايسەن!